# بىر قىزىل قەلبنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشى

## —— قۇرۇقلۇق ئارمىيە چېگرا - دېڭىز مۇداپىئەسى شۆيۈەنى ئۈرۈمچى مەكتەپ رايونىنىڭ لېكتورى چىمەنگۈلنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلادنىڭ چېگرانى قوغداش، چېگرانى مۇستەھكەملەش خاتىرىسى

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز سۈڭ پېڭ

چېگرا شەھەر ئۈرۈمچىدە مۇنداق بىر ئائىلە بار: ئۈچ ئەۋلاد كىشى ئەسلىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭدى، ھەربىي گازارمىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ چېگرانى قوغدىدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ياشىغان، ھەربىي فورما كىيگەندە ھەممىسى ۋەتەنگە مۇنداق ئەھدە قىلغان: ھەربىيلىك ھاياتىمدا ساداقىتىم بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئالىمەن، ئىسسىق قېنىم بىلەن بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، بۇ شەرەپلىك ئائىلىنىڭ 3 - ئەۋلادى —— قۇرۇقلۇق ئارمىيە چېگرا - دېڭىز مۇداپىئەسى شۆيۈەنى ئۈرۈمچى مەكتەپ رايونىنىڭ لېكتورى چىمەنگۈل ئەنۋەرنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بوۋىسى مەمەت ناسىر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى تۈركۈمدە قىسىمغا كىرگەن ئۇيغۇر جەڭچى بولۇپ، مىلتىقى بىلەن باندىتلارنى تازىلاپ، توپىلاڭنى تىنچىتىپ، ساداقەتنى بىلدۈرگەن؛ ئۇنىڭ ئاتىسى ئەنۋەر مەمەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت جەڭچىسى سۈپىتىدە ئىمتىھان بېرىپ داشۆگە ئۆتكەن تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، قەلىمى ئارقىلىق بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەل قەلبىنى مۇجەسسەملىگەن.

«مەن ھەربىي كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان، داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئارمىيەگە قاتنىشىپ قىسىمغا كىرىشنى تاللىدىم، دەرس مۇنبىرىدە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە كۈچ قوشۇۋاتىمەن. مەن بوۋام بىلەن دادامنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مەڭگۈ داتلاشمايدىغان پولات مىخ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننىڭ چېگرا - دېڭىز مۇداپىئە لىنىيەسىگە مەڭگۈ مىخلىنىمەن» دېدى چىمەنگۈل.

### ئارمىيەگە قاتناشقاندىكى تەسىرات —— ئەڭ بەختلىك ئەڭ پەخىرلىك

چىمەنگۈل ئائىلىسىنىڭ بىر ئەڭگۈشتەرى بار، ئۇ بولسىمۇ بوۋىسى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان مەنىۋى بايلىق —— قېلىن 11 پارچە كۈندىلىك خاتىرە.

بوۋىسى مەمەت چىمەنگۈل ئالتە ياشقا كىرمەيلا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن، چىمەنگۈل بوۋىسىنى تازا ئېنىق ئەسلىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى، بوۋىسىنىڭ دائىم رەتلىك كىيىنىدىغانلىقى، ئولتۇرغاندا قەددىنى تىك تۇتۇپ، باشتىن - ئاخىر ھەربىيلىك سالاپىتىنى ساقلايدىغانلىقى ئىدى.

2010 - يىلى 8 - ئايدا، 22 ياشلىق چىمەنگۈل سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ، ماش رەڭ ھەربىي فورما كىيدى. ئاتىسى ئەنۋەر بوۋىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئېلىپ چىقىپ، تەنتەنىلىك ھالدا ئۇنىڭغا تاپشۇردى ھەم مۇنداق تاپىلىدى: «بۇ بوۋىڭىز ھەربىي بولغان 39 يىلدا يېزىپ قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرە، ئائىلىمىزنىڭ ئەڭگۈشتەرى، ھازىر سىزگە يەتكۈزدۈم».

سارغىيىپ كەتكەن ھەربىر پارچە كۈندىلىك خاتىرىنى ۋاراقلىغاندا، چىمەنگۈل قاتتىق ھاياجانلاندى، ئۇ تۇنجى قېتىم بوۋىسىنى چۈشەندى، پىشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابىي ھەربىينىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، قەتئىي ئىرادە بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلىشتەك ئالىيجاناب روھىنى چۈشەندى.

70 نەچچە يىل ئىلگىرى، مەمەت بىر باي (پومېشچىك)نىڭ پادىسىنى باقىدىغان بالا ئىدى. 1949 - يىلى ئازادلىق ئارمىيە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە كەلگەن، 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خوتەننى ئازاد قىلىش تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن، مەمەتنىڭ يۇرتى ئازادلىقنى كۈتۈۋالغان. ئەينى چاغدا، مەمەت ئەمدىلا 16 ياشتا ئىدى.

ئازادلىق ئارمىيە خىزمەت ئەترىتى ئىجارە كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان، بۇنىڭ بىلەن مەمەتنىڭ نامرات ئائىلىسى بەختىيار تۇرمۇشنى باشلىۋەتكەن. ئازادلىق ئارمىيەنىڭ جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى مەمەتنىڭ ھاياتىدىكى قەتئىي تاللاشنى چىقىرىشىغا تۈرتكە بولغان: ئازادلىق ئارمىيەگە قاتنىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەگىشىمەن! 1952 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇ شەرەپ بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى تۈركۈمدە قىسىمغا كىرگەن ئۇيغۇر جەڭچىگە ئايلانغان.

1958 - يىلى قىشتا، ئەينى چاغدا لېيەنجاڭ بولغان مەمەت كوماندىر - جەڭچىلەرنى باشلاپ بىر جىنايەتچىلەر شايكىسىنى بىراقلا يوقىتىپ، شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن؛ 1959 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىدا، ئۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى سۈپىتىدە، بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان؛ 1974 - يىلى 1 - ئايدا، ئۇ قىسىمغا بېرىش يولىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ قار ئاپىتىگە ئۇچراپ، پاختىلىق كىيىمنى سېلىپ خەنزۇ ئاممىنى قۇتقۇزغان، ئەمما ئۆپكىسى يۇقۇملىنىپ ئۆزى ئۆمۈرلۈك كېسەلگە گىرىپتار بولغان؛ 1983 - يىلى، ئۇ نامراتلارنى يۆلەپ قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىشتا بىر قېتىمدىلا 3000 يۈەن ئىئانە قىلغان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايلىق مائاشى 100 يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى.

كۈندىلىك خاتىرىدىكى بەزى سۆزلەر چىمەنگۈلنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورنىدى. مەسىلەن: «مەندەك كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئازادلىق ئارمىيەگە قاتنىشىشى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ پەخىرلىك ئىش.» چىمەنگۈل ئاتىسى بىلەن پىكىرلىشىپ باققان، ئۇ ئارمىيەگە قاتناشقاندىمۇ شۇنداق تەسىراتتا بولغان ئىكەن.

### لەۋھەگە مۇنداق يېزىلغان —— كومپارتىيە ياخشى ئازادلىق ئارمىيە سۆيۈملۈك

چىمەنگۈل قىسىمغا كىرىپ ئاتىسى بىلەن خوشلاشقاندا، ئاتىسى ئەنۋەر ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى داۋەن كوچا باشقارمىسى يەنئەن يېڭى كەنتى مەھەللىسىدە خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىككى چېكىسىنىڭ ئاقارغانلىقىنى، تومۇز ئىسسىقتا يەنىلا خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى، قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئاھالىلەرنىڭ قەلب ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

چىمەنگۈلنىڭ نەزەرىدە، بوۋىسىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاتىسى خۇددى بىر تاغقا ئوخشايتتى، قىيىنچىلىققا يولۇقسا دائىم قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەيتتى.

«بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى پارتىيەنىڭ تەربىيەسىنى ئالغان، قىسىمدا تەربىيەلەنگەن، ھەرقانداق ۋاقىتتا پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.» ئەنۋەر ئاتىسىنىڭ تەلىم - تەربىيەسىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان، ئۇ ئارمىيەگە قاتنىشىپ، قىسىمغا كىرگەندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاغ ئېچىپ كىرىشكە بېرىپ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان، تاش چېقىپ، سېمونت توشۇپ، پارتلىتىش تۆشۈكى تېشىپ، ئۇ يەردە سەككىز ئاي تالىشىپ يۈرۈپ ئەڭ ئېغىر، ئەڭ مەينەت، ئەڭ خەتەرلىك ئىشلارنى قىلغان. بىر قېتىملىق قۇرۇلۇش پارتلىتىشىدا، مۇشتەك چوڭلۇقتىكى تاش ئۇنىڭ بېشىنى سىيپاپ دېگۈدەك غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەن.

1978 - يىلى، ئەنۋەر ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ داشۆ سىياسىي شىسىنىڭ پەلسەپە كەسپىگە ئۆتۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي نەزەرىيە تەربىيەسىنى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىپ، «كىم ئۈچۈن» «كىمگە ئەگىشىش»تىن ئىبارەت كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى مۇستەھكەملىگەن.

2009 - يىلى، شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى «خەلق ئارمىيەسى» گېزىتخانىسى ئۇيغۇر يېزىقى شۆبە گېزىتخانىسىنىڭ گېزىتخانا باشلىقى بولغان ئەنۋەر خىزمەت ئەترىتىنى باشلاپ يەنئەن يېڭى كەنتى مەھەللىسىگە كېلىپ، تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلەش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خالىس تۆھپە قوشۇشتەك روھ، سالاپەتنى چېگرا شەھەردىكى پۇقرالارنىڭ قەلبىگە ئورناتتى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا خىزمەت ئەترىتى ئاھالىلەر بىلەن ئېچىقويۇن - تاتىقويۇن بولۇپ، ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللاردەك يېقىن بولۇپ كەتتى. ئەنۋەر ئامما تەقدىم قىلغان ئون نەچچە لەۋھەنى كەينى - كەينىدىن تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىر لەۋھەگە مۇنداق يېزىلغان: «كومپارتىيە ياخشى، ئازادلىق ئارمىيە سۆيۈملۈك».

2012 - يىلى، ئەنۋەر «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» ۋە «مەملىكەت بويىچە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالاندى.

باسقان قەدەمدىن گۈل ئۈندۈرۈپ، قەلىمى ئارقىلىق ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملەش. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، ئەنۋەر ھېرىپ - چارچاشنى ئۇنتۇغان ھالدا تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى كېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ سادىقلىق بىلەن تۆھپە قوشۇشى ۋە ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى، ئۇنىڭ تەشۋىقات، ئاممىۋى پىكىر خىزمەت تەجرىبىسى قىزى چىمەنگۈلگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

### ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئەستە چىڭ ساقلاش —— بەل قويۇۋەتمەسلىك ۋاز كەچمەسلىك

بۇ مەزگىلدە، چىمەنگۈل ئوقۇتۇش جەريانىدا يېڭى بېسىمغا دۇچ كەلدى. مەكتەپ رايونى يېڭىدىن «چېگرا مۇداپىئەسىدە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئىشلىتىش» دەرسلىكى تەسىس قىلغانىدى، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى بۇ يېڭى دەرسكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇ جەزمەن تولۇق تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىدى.

ھەر قېتىم بېسىم ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، چىمەنگۈل ئالدى بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئويلىماي، بەلكى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلىدى، جاپادىن قورقۇپ ۋاز كەچمىدى. بۇ ئاتىسىنىڭ تەلىمى، شۇنداقلا جەمەتنىڭ روھى ئىدى.

ھەربىي ناخشا ئېيتىپ، ھەربىي كاناي ئاۋازى ئاڭلاپ چوڭ بولغان «3 - ئەۋلاد ھەربىي» چىمەنگۈلنىڭ جىسمىدا ھەربىينىڭ قېنى ئېقىپ تۇرغاچقا، كىچىكىدىنلا قەلبىگە ھەربىيلىككە قاتنىشىپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۇرۇقى چېچىلغانىدى.

2010 - يىلى 6 - ئايدا، چىمەنگۈل شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ لايىھەلەش كەسپىنى پۈتكۈزگەندە، شاڭخەيدىكى مەلۇم لايىھەلەش شىركىتى ئۇنىڭغا توختىماي «زەيتۇن شېخى» سۇندى. چىمەنگۈل ئەتراپىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى: «ئەگەر مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشۇمنىڭ تاللاش تېمىسىدا ئەسكەر بولۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۈر بولسا، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي مۇشۇ تۈرنى تاللايمەن».

بوۋىسىنىڭ ھەربىي گازارما كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ تۈرلۈك تاپشۇرۇقلىرىنى ئېلىپ، چىمەنگۈل مۇنبەردە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىغا ئىنتىلىدىغان مەزمۇت قەدەمنى تاشلىدى.

كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانغىچە، مەيلى قايسى ساھەدە بولسۇن، چىمەنگۈل ھەممىسىدە كۆڭۈل قويۇپ ھەربىي ئائىلىنىڭ قانداشلىق شان - شەرىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش، پارتىيەگە، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇشتەك كىشىلىك تۇرمۇش ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، بىلىمى، ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قەلبىگە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەشتەك يۈكسەك ئىرادىنى پۈكۈپ، ئۈچ چى كېلىدىغان ئادەتتىكى دەرس مۇنبىرىدە مەزمۇت قەدەم بىلەن تۆھپە قوشماقتا.

«بىزنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىناق تەرىقىسىدە دەرس ئۆتۈشكە قويىدىغان تەلىپى بەك يۇقىرى، سىناق تەرىقىسىدە دەرس ئۆتۈشتە بەلگىلىك ئۆلچەمگە يېتىش ئۈچۈن، قايتا - قايتا قاتتىق ئىگىلەش، ئىنچىكە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. چىمەنگۈل ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىغا يېڭى كېلىپ سىناق تەرىقىسىدە دەرس ئۆتكەندە، تۆت - بەش پېشقەدەم پروفېسسور بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۆزلىگەن دەرسىدىن قۇسۇر تاپتى، ئۇ تىت - تىت بولۇپ يىغلاپ كەتتى، ئەمما ئۇ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەردى، ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەسسىلەپ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىلدى» دېدى چىمەنگۈلنىڭ خىزمەتدىشى چېن لەن ئەسلەپ.

بۇ يىل، قۇرۇقلۇق ئارمىيە چېگرا دېڭىز مۇداپىئەسى شۆيۈەنى ئۈرۈمچى مەكتەپ رايونى كەسپىي ئوقۇتۇش كوللېكتىپى تەشكىللىگەندە، چىمەنگۈل بىرىنچى بولۇپ تىزىملاتتى. شېنجېندا تەربىيەلەنگەن ئۈچ ئايدا، ئۇ ئۇچۇش نەزەرىيەسى، ئۇسكۈنە قۇرۇلمىسىدىن تەقلىدىي مەشغۇلات - كونترول قىلىش، كىچىك ئايروپىلاننى سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇرۇش، يەنە چوڭ تىپتىكى كۆپ پىرقىرىما قاناتلىق ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان مەشغۇلاتىغىچە، قىيىنچىلىقلارنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ، بىر قېتىمدىلا جۇڭگو پۇقرالار ئاۋىئاتسىيەسى ئىدارىسى تارقاتقان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۇچۇش كىنىشكىسىغا ئېرىشىپ، ھازىر پۈتۈن ئارمىيە بويىچە بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت ئايال «ئۇچۇش ماھىرى»غا ئايلاندى.

بىزنىڭ بايرىمىمىز · جۇڭچيۇ

# ئاپتونوم رايونىمىزدا مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ بايرام كۈتۈۋېلىندى

□ مۇخبىرىمىز لى لى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋۇ چېنلۇڭ

جۇڭچيۇ بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى رايونلار شەكلى كۆپ خىل، باش تېمىلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەرمىللەت ئاممىغا پائالىيەت داۋامىدا جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلدۇرۇپ، بايرامنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى.

بىرلىكتە يۈەبىڭ تەييارلاش، يۈەبىڭ يېيىش، پانۇس تېپىشمىقى تېپىش، سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈش، جۇڭچيۇ بايرىمىدىكى ئۆرپ - ئادەتلەرنى چۈشىنىش... 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى «مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈلمەكتە»... ئىللىق بايرام · پىدائىيلار مېكرو ھەرىكىتى، تيانشان رايونى «تولۇن ئايدىكى جۇڭچيۇ · مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان تيانشان» پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلدى. تيانشان رايونى خېيجياسەن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى بېيۈەن كوچىسى مەھەللىسىنىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەر ھەممە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن كەلگەن پىدائىيلار خۇشال، ئۇنتۇلغۇسىز دەملەرنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بېيۈەن كوچىسى مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى ئامانگۈل مەھەللە ئاھالىسى ۋاڭ جىڭلۇ بىلەن قوشماقلاشقان تۇغقان بولۇپ، ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە بەش خىل مېغىزلىق يۈەبىڭ تەييارلىدى، «ھەم يۇمىلاق، ھەم تاتلىق بەش خىل مېغىزلىق يۈەبىڭ بىزنىڭ ھازىرقى بەختلىك، شېرىن تۇرمۇشىمىزنىڭ سىمۋولى» دېدى ۋاڭ جىڭلۇ.

«مەن ۋە ۋەتىنىم، ئايرىلمايمىز دەقىقە پەقەت، مەيلى ئۆزۈم نەدىلا بولاي، مەدھىيەلەيمەن ئۇنى تائەبەد...» 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ كۆلدەنەڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدا لەرزان ناخشا ساداسى ياڭرىدى، شۇ جايدىكى چارۋىچىلار شىنجاڭ چېگرادىن كىرىپ - چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتى شارىنبۇلاق چېگرا ساقچىخانىسىدىكى خەلق ساقچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، جۇڭچيۇ بايرىمىنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالدى. كۆپچىلىك ئەتكەنچاي ئىچىپ، يۈەبىڭ يەپ، سەنئەت نومۇرلىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ، ھازىرقى ياخشى كۈنلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، «سىياھ ھىدى قاپلىغان مەھەللە جۇڭچيۇدىكى قويۇق مېھىر - مۇھەببەت» خەتتاتلىق مۇسابىقىسى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) جۇڭيا شىمالىي يولى كوچا باشقارمىسى چياۋدۇڭ مەھەللىسىنىڭ پائالىيەت ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى سۇس سىياھ ھىدى قاپلىغان بولۇپ، ئاھالە ئازاد شەمشى تۇڭ جيەنگونىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر سىزىق - بىر سىزىقتىن يېزىپ ئەستايىدىل مەشىق قىلىۋاتاتتى. «مەن خەتتاتلىقنى بەك ياخشى كۆرىمەن، داۋاملىق مەشىق قىلىشنى خالايمەن.» ئازاد، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش شەكلىدە جۇڭچيۇنى كۈتۈۋېلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدىكەن، دېدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى چىگە قۇدۇق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى چوڭ قورۇسىدا قىقاس - چۇقانلار، ئالقىش سادالىرى، بالىكاللا دەپ توۋلاشلار ئۈزۈلمەيتتى. شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مەدەنىيەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئويۇن قويۇش كىچىك شۆبە ئەترىتى بۇ يەردە ئويۇن قويۇۋاتاتتى. شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى لىۋ پېڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: كەلگۈسى 40 كۈندە، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئويۇن قويۇش كىچىك شۆبە ئەترىتى مارالبېشى ناھىيەسى، مەكىت ناھىيەسى، يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى 100دىن ئارتۇق ئېغىر نامرات كەنتكە بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا مول مەزمۇنلۇق سەنئەت نومۇرلىرىنى يەتكۈزىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، جۇڭچيۇ بايرىمى كېلىش پەيتىدە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كۈتۈپخانا مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن «جۇڭخۇا مىللىتى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىرى جۇڭچيۇ» سەييارە كۆرگەزمىسى مەھەللە، يېزا - بازار، مەكتەپلەرگە كىرگەن، كۆرگەزمە سۈرەت بىلەن يېزىقنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆرپ - ئادەتتى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغان؛ قابا ناھىيەسىدىكى ئاق قېيىنزارلىق مەنزىرە رايونى جۇڭچيۇدا بايلىق ئىزدەش، ئاق قېيىنزارلىقتا تېلېسكوپتا ئاينى تاماشا قىلىش، كلاسسىك فىلىملەرنى قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن؛ قومۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىدىكى مەدەنىيەت سەنئەتكارلىرى قەغەز قىيما قىيىش، دېھقانلار رەسىمى سىزىش شەكلىدە جۇڭچيۇ بايرىمىنى تەبرىكلىگەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، ماس ئالغا سىلجىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈلمە خاراكتېرلىك توسالغۇ، مېخانىزم خاراكتېرلىك توسۇلۇش، سىياسەت خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتتا «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» پەيدا بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر تەرەپلەردىكى تۈزۈمنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئورگانىك يۇغۇرۇش، باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تونۇشنى ئۆستۈرۈشكە يەنىمۇ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك، ھەقىقىي تۈردە ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى مەڭگۈلۈك تېما، ئۆمۈرلۈك تېما قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشكە يەنىمۇ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك، دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئۇزۇقلاندۇرۇش، بۇرچنى يېتەكلەش كېرەك. سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا يەنىمۇ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لار 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىشى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ - تەربىيەلىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىپ - ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشكە يەنىمۇ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سجىل ياخشى تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سجىل ياخشى تۇتۇپ، ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، تۈرمۇتۈر تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، ئاممىغا باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. مەسىلىنى ھەل قىلىشقا يەنىمۇ كۈچەش كېرەك، پارتىيەگە سادىق بولۇش، پارتىيە ئەزاسلىق ئېڭى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردىكى پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئەستايىدىل تېپىپ چىقىپ، مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ تىزىپ چىقىپ، تۈرمۇتۈر دەل جايىدا ھەل قىلىپ، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتەك ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش كېرەك. ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشكە يەنىمۇ كۈچەش كېرەك، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام - دەرىجە، ساھە، ئوبيېكتلارنىڭ ئالاھىدىلىككە قارىتا، باش تېما تەربىيەسىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئالغا سىلجىتىپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ كۈچلۈك، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشى، پۈختا ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا «‹جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى نىزامى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «نىزام»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايراقنى كۆتۈرۈش، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىش بۇرچ - ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئادا قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتۈپ چىقىشنى ئىدىيەۋى كاپالەت، ئاممىۋى پىكىر مەددىتى، مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە مەدەنىيەت شارائىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، جى جېڭ، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

زور ۋەزىپىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بەش مەركەز» «تۆت چوڭ سۈپەتلىك ماركا» قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىدىكى سەركە، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئالدىن يۈرگۈچى بولۇش مۇۋاپىسىدە مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولدى. شىنجاڭ «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە، شاڭخەي شەھىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، ئىككى جاينىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈختا، ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

دۇڭ يۈنخۇ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا رايون مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

دۇڭ يۈنخۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش دۆلەت ئىستراتېگىيەسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، مەركەزنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قاراماي شەھىرىگە نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى شاڭخەيگە تاپشۇرغانلىقى شاڭخەيگە ئىشەنگەنلىكى، تېخىمۇ مۇھىمى شاڭخەينىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى. شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «خەلق تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىش، كەسپىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، يېرىك پىلاننى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئىختىساسلىقلارنى مۇھىم بىلىش» خىزمەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى توپلاپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى. كېيىنكى قەدەمدە، شاڭخەي 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت بۇ باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ باش ۋەزىپىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى مەقسەت قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سالماقنى زورايتىپ، كەڭلىكنى كېڭەيتىپ، خىزمەتنىڭ دەللىك دەرىجىسى، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، شاڭخەي شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھىرى، قاغىلىق ناھىيەسى، پوسكام ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسى، مارالبېشى ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈردى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى، نامرات ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىر ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى.

شاڭخەي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى پېڭ چېنلېي، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خېيرۇڭ، سارقىت ئاقان، جاۋ چىڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.